دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ۋەتەننى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولىمەن

□ ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش بازىرى ئىكساق كەنتىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ مۇئاۋىن خاتىپى  ئەمرۇللا ئابدۇقادىر

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. ئامېرىكا تەرەپ رېژىسسورلۇق قىلغان بۇ كۈلكىلىك ئويۇن شىنجاڭنىڭ ئىشىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشتا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭغا ئەسەبىي ئىدىيە سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۆزلۈمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ھازىر شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەت مۇقىم بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بۇ بىر تۈرنىلا مىسالغا ئالساق، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ ھەممىسى ئەمن ئۆيلەردە ئولتۇردى، باللارنىڭ ئوقۇشىدا ھەقسىز مائارىپ يولغا قويۇلدى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى داشۆدە ئوقۇسا دۆلەتنىڭ يەنە ئىقتىسادىي ياردىمى بار، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۆۋەن كاپالىتى بار، كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا ياتسا داۋالىنىش سوغۇرتىسى بار، يەنە ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى، بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، بىز جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى كۆرۈشنى خالىماي، بىزنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرۈشنى خالىماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ بىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمىزگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى مۇنداق بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرەلمەيدۇ، بىزنىڭ ياخشى كۈن كەچۈرۈشىمىزنى خالىمايدۇ.

مەن مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاتۇشلۇق، شۇنداقلا بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، شىنجاڭدا تۇغۇلدۇم، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. ھازىر شىنجاڭ گۈللەندى، مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، كۆڭۈللۈك، مەن ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل ئارقىلىق بىزنىڭ بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، مەيدانىمىزنى مۇستەھكەم قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولۇشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

# گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى قوغدايمىز

□ تارباغاتاي ۋىلايىتى تولى ناھىيەسى تولى بازىرىدىكى قاراغاي باستاۋ مەسچىتىنىڭ ئىمامى  رىشات داۋۇت

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى نەزەرگە ئالمىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغان بۇ ئاتالمىش «قانۇن لايىھە»سىگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن! ئامېرىكا تەرەپنىڭ پاكىتنى بۇرمىلىغان، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار يەتكۈزگەن بۇ خىل زومىگەرلىك قىلمىشىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭنىڭ زادى قانداقلىقى پەقەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ھەممىدىن بەك ئايان! يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى، مەن بۇنىڭ گۇۋاھچىسى شۇنداقلا باشتىن كەچۈرگۈچىسى. مەن بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى كېسەكتە سېلىنغانىدى، كوچىلاردا يول چىراغلىرى يوق بولۇپ، قىش كۈنلىرى سەھەردە مەكتەپكە ماڭغاندا ۋە كەچتە مەكتەپتىن قويۇپ بېرىپ ئۆيگە قايتقاندا يوللار قاپقاراڭغۇ ئىدى، قويۇق تۇمانلىق كۈنلەردە يېشى كىچىكرەك باللار ناھايىتى ئاسانلا يولدىن ئېزىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيەدە پەقەت بىرلا كوچا بار بولۇپ، يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئەمەس ئىدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قاتار كەتكەن ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى، تەكشى، كەڭ ئاسفالت يوللار تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشتۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى، مەيدانلار يېشىللىققا پۈركەندى، پۇقرالارنىڭ ھەميېنى تومپايدى، تۇرالغۇ كۆلىمى چوڭايدى... جەمئىيەت ئىتتىپاق - ئىناق، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، پۇقرالارنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى، ھەممە جايدا كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

ھالبۇكى، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. مۇرەككەپ، كەسكىن ۋەزىيەت ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ يامراپ تارقىلىشى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى تۈپتىن يوقاتتى.

بىر قوشنامنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ماڭا دېيىشىچە، ئۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپتۇ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىپتۇ، كالا - قوي باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ، دىنىي ئەسەبىيزمنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا ئىنتايىن ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن، خاتالىقنى تۈزىتىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىكەن. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ئۇ باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەپ، ئايدا 3000 يۈەندىن كۆپرەك ئىش ھەققى ئاپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تېشىپتۇ.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرۈلۈشىمۇ ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ھەرقانداق يالغان - ياۋىداق گەپ - سۆزلەر پاكىت ئالدىدا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ، پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى توغرا، ئۈنۈملۈك، بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، چوقۇم قول تۇتۇشۇپ بىزنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ئورتاق قوغدايدۇ. ھەرقانداق بوھتان چاپلاش ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ!

# بىز ھەرقانداق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشەنمەيمىز

□ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قوبۇقسار بازىرى مەسچىت كوچىسى مەسچىتىدىكى دىنىي زات  ئابلەتقارى جۈنۇس

مەن بۇ يىل 81 ياشقا كىردىم، مەسچىتتە ئىماملىق قىلىۋاتقىنىمغا 59 يىل بولدى. مەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدە يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىغا، ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇۋاتقانلىقىغا ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، نامراتلارنى يۆلەش، ئەمن ئۆي قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، ھەر مىللەت ئامما ئېرىشكەن نەپ بارغانسېرى كۆپ بولدى، تىجارەت قىلىدىغانلار، مەبلەغ سالىدىغانلار كۆپەيدى، ئاسفالت يوللار ياسالدى، ئەمن ئۆيلەر سېلىندى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپەيدى... ئەتراپىمىزدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. شىنجاڭ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ.

شىنجاڭدا ئۆزگىرىش شۇنچە چوڭ، تەرەققىيات شۇنچە ياخشى بولسىمۇ، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار تاللاشچان كور بولۇۋېلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىمىزغا بوھتان چاپلىدى. مەن ئۇلارغا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، بىز شىنجاڭدا ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتىمىز، كۈنلىرىمىز ناھايىتى خۇشال ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» مۇقىم ئالغا سىلجىتىلىپ، مەسچىتلەرگە سۇ، توك، سوۋۇتۇش - ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرى، مۇنچا ۋە سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا قاتارلىق ئەسلىھەلەر سەپلىنىپ، دىنىي پائالىيەت شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى يەنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ئۆمەكلىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار، دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 91 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، زىيارەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمەت تەجرىبىلىرى ئۆگەنگىنىدە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ بەس - بەستە تەرىپلىدى. يېقىندا 60 نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى 74 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 - كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە بەس - بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى. شىنجاڭنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىدەك پاكىت ھەممىگە ئايان، بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، تېررورىزمغا زەربە بېرىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە نەتىجە - ئۈنۈمىنى نەزەرگە ئالماي ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى نەزەرگە ئالماي، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇندى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاشۇ يامان غەرەزلىك كىشىلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ؛ كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقان - ئۆتمەيۋاتقانلىقى كۆڭلىمىزگە ئەڭ ئايان. قارا بۇلۇت قۇياشنى توسۇۋالالمايدۇ، يالغان - ياۋىداق گەپ ھامان يالغان - ياۋىداق گەپ، بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى باھانە قىلىپ، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز.

# بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرايلى

□ غۇلجا ناھىيەسى جېلىليۈزى بازىرى يۇقارقى روزمەتيۈزى كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى  ئابدۇللا رۇستەم

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، خالىغانچە قارا چاپلىدى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

مەن بىر دېھقان، شۇنداقلا بىر دىنىي زات، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ جېلىليۈزى بازىرىدىكى بىر كىچىك كەنتتە تۇغۇلغان. ھازىر، يۇرتۇمدىكى ھەممە شۇ قەدەر گۈزەل، ھەممە كەنتكە توك تۇتاشتۇرۇلدى، سۇ يەتكۈزۈلدى، يول تۇتاشتۇرۇلدى، ئاپتوموبىل قاتنىدى ھەمدە ھەممە كەنتتە مەكتەپ، داۋالاش ئۆيلىرى بار بولدى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھۆكۈمەت خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. مەسىلەن، دېھقان - چارۋىچىلارغا ئاشلىق تېرىش ياردەم پۇلى، باغۋەنچىلىك ياردەم پۇلى، باقمىچىلىق ياردەم پۇلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەردى. يەنە مەسىلەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باللار مەكتەپتە ئوقۇسا ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدۇ، يەنە ياتاق ۋە تاماق قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ. كەنتىمىزدىكى نۇرغۇن باللار يېزىدىن چىقىپ، ئېگىزرەك رايونلاردىكى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى كىرسىن چىراغ ئىشلىتىدىغان، كېسەك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، توپا يولدا ماڭىدىغان، مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغان، كېسەلنى داۋالىتالمايدىغان يىللار ئاللىبۇرۇن تارىختا ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا سۆزلىشىدىغان يىراق ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي ئىشلارنى نورمال ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بىر قىسىم دىنىي زاتلارغا بەلگىلىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى، بولۇپمۇ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەسچىتلەرنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتال شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى بىخەتەر، ئازادە مۇھىت بىلەن تەمىنلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورۇنىۋېلىپ، بىمەنە سەپسەتىلەرنى تارقىتىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى سادىر قىلدى. زوراۋانلىق، تېررورلۇققا زەربە بېرىلمىسە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تۈگىتىلمىسە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش تەس. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلانغان ھەم قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەش - قۇتقۇزۇۋېلىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرىنى تۈگىتىپ، تىرىشىپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى بىخ ھالىتىدە يوقاتتى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭدا تىنچ، خاتىرجەم، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. نۇرغۇن چەت ئەل تاراتقۇلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ھەر مىللەت ئاممىنى يۈزتۇرا زىيارەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇرۇقى ئاللىبۇرۇن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىپ بىخ ئۇردى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قۇترىتقۇلۇق قىلىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق رەزىل ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، شۇنداقلا چوقۇم بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرىدۇ.